تىلەيمەن! ئى ئاللاھ، مەن سەندىن جەننەتكە كىرىشنى، دوزاختىن سالامەت قېلىشنى تىلەيمەن! ...»[1].

«ئى ئاللاھ، بىزنىڭ جىمى ئىشلىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلىپ بەرگىن! بىزنى دۇنيادا رەسۋا بولۇشتىن، ئاخىرەتتە ئازابقا قېلىشتىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن!»[2].

«ئى ئاللاھ، بىزگە ساڭا ئاسىيلىق قىلىشتىن توسۇپ قالالىغۇدەك قورقۇنچ، جەننىتىڭگە يەتكۈزىدىغان تائەت - ئىبادەت ۋە دۇنيادا يەتكەن مۇسىبەتلەرنى يەڭگىللەشتۈرىدىغان ئاخىرەت جەزمىيىتى ئاتا قىلغىن! ئى ئاللاھ، ھاياتلا بولساق، بىزنى قۇلاقلىرىمىز، كۆزلىرىمىز ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىمىز بىلەن مەنپەئەتلەندۈرگىن ۋە ساۋابىنى بىزگە ئەگەشتۈرۈپ بەرگىن! ئى ئاللاھ، بىزنىڭ ئىنتىقامىمىز زالىملارغا بولسۇن، دۈشمىنىمىز ئۈستىدىن غەلىبە - نۇسرەت ئاتا قىلغىن، دىنىمىزغا

1 مۇسەننەف ئىبنى ئەبى شەيبە، 3098- ھەدىس.
2 مۇسنەد ئەھمەد، 17628- ھەدىس.

مۇسـبەت بەرمىگـىن!...»[1].

﴿پەرۋەردىگارىمىـز! قەلبىمىزنـى چىداملىقلىـق بىلـەن تولدۇرغـىن، قەدەملىرىمىزنـى (ئـۇرۇش مەيدانىـدا) ساباتلىق قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگـە يـاردەم بەرگـىن﴾[2].

﴿پەرۋەردىگارىمىـز! ئەگـەر بىـز ئۇنتۇسـاق ياكـى خاتالاشسـاق بىزنـى جازاغـا تارتمىغـىن. پەرۋەردىگارىمىـز! بىزدىـن ئىلگىرىكىلەرگـە يۈكلىگىنىڭگـە ئوخشـاش، بىزگـە ئېغىـر يـۈك يۈكلىمىگـىن، پەرۋەردىگارىمىـز! كۈچىمىـز يەتمەيدىغـان نەرسـىنى بىزگـە ئارتمىغـىن، بىزنـى كەچۈرگـىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگـە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگـە قارشـى بىزگـە يـاردەم بەرگـىن﴾[3].

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىـن دىللىرىمىزنـى توغـرا يولدىـن بۇرىۋەتمىگـىن، بىزگـە دەرگاھىڭدىـن رەھمـەت بېغىشـلىغىن.

1 شەرھۇسسۇننە، 1374- ھەدىس.
2 بەقەرە سۈرىسى، 250- ئايەت.
3 بەقەرە سۈرىسى، 286- ئايەت.



Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

شۈبھىسىزكى، سەن بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن﴾[1].

(پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن) 2.

﴿ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن دۇئانى ئىشتكۈچىسەن﴾[3].

﴿پەرۋەردىگارىمىز! سەن نازىل قىلغان كىتابقا ئىشەندۇق، پەيغەمبەرگە ئەگەشتۇق، بىزنى (ھىدايىتىڭگە) شاھىت بولغانلار قاتارىدا قىلغىن﴾ [4].

﴿پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن﴾[5].

1 ئال ئىمران سۈرىسى، 8- ئايەت.
2 ئال ئىمران سۈرىسى، 16- ئايەت.
3 ئال ئىمران سۈرىسى، 38- ئايەت.
4 ئال ئىمران سۈرىسى، 53- ئايەت.
5 ئال ئىمران سۈرىسى، 147- ئايەت.

﴿پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) «رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن﴾[1].

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز﴾[2].

﴿ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى زالىم قەۋم بىلەن

1 ئال ئىمران سۈرىسى، 191ـ193ـ ئايەت.
2 ئەئراف سۈرىسى، 23ـ ئايەت.

Haksever İslam Araştırma Merkezi

بىللە قىلمىغىن﴾[1].

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن، بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن﴾[2].

(ئاللاھ ماڭا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر)[3].

﴿زالىم قەۋمنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن، رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن﴾[4].

Hakseve İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

﴿پەرۋەردىگارىم! مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سىغىنىمەن، ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمەن﴾[5].

(پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە ماڭا، ئاتا - ئانامغا ۋە مۇئمىنلەرگە مەغپىرەت

1 ئەئراف سۈرىسى، 47- ئايەت.
2 ئەئراف سۈرىسى، 126- ئايەت.
3 تەۋبە سۈرىسى، 129- ئايەت.
4 يۈنۈس سۈرىسى، 86- ئايەت.
5 ھۇد سۈرىسى، 47- ئايەت.

قىلغىن)[1].

﴿پەرۋەردىگارىم! مېنى (قەبرەمگە) ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن، (قەبرەمدىن) ئوڭۇشلۇق چىقارغىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەققە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن﴾[2].

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن﴾[3].

﴿پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن، ئىشىمنى ئاسان قىلغىن﴾[4].

﴿ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن﴾[5].

﴿(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە)

1 ئىبراھىم سۈرىسى، 41ـ ئايەت.
2 ئىسرا سۈرىسى، 80ـ ئايەت.
3 كەھف سۈرىسى، 10ـ ئايەت.
4 تاھا سۈرىسى، 25ـ ئايەت.
5 تاھا سۈرىسى، 114ـ ئايەت.

زۇلـۇم قىلغۇچىلاردىــن بولــدۇم﴾[1].

﴿ئـى پەرۋەردىگارىـم! مېنـى (بالىســز، ۋارىسســىز) يالغـۇز قويمىســاڭ، سـەن ئـەڭ ياخشـى ۋارىستۇرسـەن﴾[2].

﴿پەرۋەردىگارىـم! سـاڭا سـىغىنىپ شـەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسـىلىرىدىن پانـاھ تىلەيمـەن، پەرۋەردىگارىـم! سـاڭا سـىغىنىپ شـەيتانلارنىڭ مـاڭا ھەمـراھ بولۇشـىدىن پانـاھ تىلەيمـەن﴾[3].

﴿پەرۋەردىگارىمىـز! بىـز ئىمـان ئېيتتـۇق، بىزگـە مەغپىـرەت قىلغىـن، بىزگـە رەھىـم قىلغىـن، سـەن بولسـاڭ ئـەڭ رەھىـم قىلغۇچىسـەن﴾[4].

﴿پەرۋەردىگارىـم! مەغپىـرەت قىلغىـن، رەھىـم قىلغىـن، سـەن رەھىـم قىلغۇچىلارنىـڭ ياخشىسىسـەن﴾[5].

1 ئەنبىيا سۈرىسى، 87- ئايەت.
2 ئەنبىيا سۈرىسى، 89- ئايەت.
3 مۆئمىنۇن سۈرىسى، 98- ئايەت.
4 مۆئمىنۇن سۈرىسى، 109- ئايەت.
5 مۆئمىنۇن سۈرىسى، 118- ئايەت.

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾[1].

ئى ئاللاھ، سەردارىمىز ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئالىيجاناب ساھابىلىرىگە رەھمەت قىلغىن، ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەر تەرەپتىن سالامەت قىلغىن!

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

1 بەقەرە سۈرىسى، 201- ئايەت.

# مول مەزمۇنلۇق دۇئالار

ئى ئاللاھ، ئى مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچى، گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى، مەخپىي ئىشلارنى بىلگۈچى، نىيەتلەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچى ئاللاھ! ئى ھەممە شەيئىنى ئەتراپلىق بىلگۈچى ئاللاھ! ئى رەھمىتى پۈتۈن شەيئىلەرگە ئومۇملاشقان ئاللاھ! ئى پۈتۈن مەخلۇقاتلاردىن غالىب كەلگۈچى ۋە ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئاللاھ! گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن! ئەيىبلىرىمىزنى يوشۇرغىن! خاتالىقلىرىمىزدىن ئۆتكىن! سەن ھەقىقەتەن گۇناھلارنى كەچۈرگۈچى، ناھايىتى مەرھەمەتلىكسەن.

Hakseyer İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئى دۇئالارنى ئاڭلىغۇچى ئاللاھ، ئى خاتالىقلارنى ئەپۇ قىلغۇچى ئاللاھ، ئى ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى ئاللاھ، ئى ئېغىر كۈلپەتلەرنى كۆتۈرۈۋەتكۈچى ئاللاھ، ئى دەرىجىلەرنى ئۈستۈن قىلغۇچى ئاللاھ، ئى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى ئاللاھ، بارلىق ۋاپات تاپقان ۋە ھايات

بولغان مۇسۇلمان ئەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ، مۇئمىن ئەر ۋە مۇئمىن ئاياللارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگىن! ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ھەممىگە يېقىن، دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇرسەن.

«ئى ئاللاھ، مەن ھەقىقەتەن <ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، ئۇ ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەت، بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچ تەڭدىشى يوق> دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىمنى ۋەسىلە قىلىپ، سېنىڭدىن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى تىلەيمەن، ھەقىقەتەن سەن گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مەرھەمەتلىكتۇرسەن»[1].

«ئى ئاللاھ، سەن ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلغۇچى ۋە سېخىيدۇرسەن، ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن، گۇناھلىرىمنى ئەپۇ قىلغىن»[2].

1 تىرمىزىي، 3475- ھەدىس.
2 ئىبنى ماجە، 3850- ھەدىس.

﴿ئى ئاللاھ، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى، ئاتا ـ ئانامنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە ئىمان ئېيتقان ھالەتتە ئۆيۈمگە كىرگەن كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە بارلىق مۇئمىن ئەر ۋە مۇئمىن ئاياللارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن﴾[1].

«ئى ئاللاھ، مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى، نادانلىقلىرىمنى ۋە ئىسراپخورلۇقلىرىمنى كەچۈرگىن؛ مەن بىلمەيدىغان، سەن بىلىدىغان گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن! ئى ئاللاھ، چاقچاقلىشىپ قىلغان گۇناھلىرىمنى ۋە مەقسەتلىك قىلغان گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن! ئى ئاللاھ، سەۋەنلىكتىن قىلغان گۇناھلىرىمنى ۋە قەستەن قىلغان گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن! گۇناھكارمەن ئى ئاللاھ! ئى ئاللاھ، ئىلگىرى ۋە كېيىن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن، مەن بىلمەيدىغان، سەن بىلىدىغان گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن. سەن خالىغان ئىشنى ئىلگىرى قىلغۇچى ۋە خالىغان ئىشنى كېيىن قىلغۇچىدۇرسەن، سەن ھەر شەيئىگە قادىرسەن»[2].

Haksever Islam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

1 نۇھ سۈرىسى، 28ـ ئايەت.
2 سەھىھ مۇسلىم، 2719ـ ھەدىس.

«ئى پەرۋەردىگارىم، مەن ئۆزۈمگە ئۇۋال قىلدىم، گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن»[1].

«ئى ئاللاھ، سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن، سەندىن ئۆزگە ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، تاقىتىمنىڭ يېتىشىچە ساڭا قىلغان ۋەدەمدە تۇرىمەن، ئەھدىمگە ۋاپا قىلىمەن، قىلغان يامانلىقلىرىمدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ ماڭا قىلغان نېمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن، گۇناھلىرىمنى تەن ئالىمەن، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، گۇناھلارنى پەقەت سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن»[2].

«ئى ئاللاھ، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھمەت قىلغىن، مېنى ھىدايەت يولىغا باشلىغىن، ماڭا خاتىرجەملىك ئاتا قىلغىن، ماڭا رىزىق ئاتا قىلغىن»[3].

«ئى ئاللاھ، ئى گۇناھلار ئىلاھلىقىڭغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغان، مەغپىرەت قىلىش ئىلاھلىقىڭغا

1 مۇسەننەف ئىبنى ئەبى شەيبە، 29232- ھەدىس.
2 سەھىھۇل بۇخارىي، 6306- ھەدىس.
3 سەھىھ مۇسلىم، 2697- ھەدىس.

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلامىي تەتقىقات مەركىزى

نۇقسان ئېلىپ كەلمەيدىغان زات، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن»[1].

«ئى ئاللاھ، چوڭ - كىچىك، ئىلگىرى - كېيىن، ئاشكارا - يوشۇرۇن بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن»[2].

ئى ئاللاھ، مېنىڭ ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھلىرىم بار، ئەمما ئۇ سېنىڭ ئەپۇچانلىقىڭ ئالدىدا كىچىكتۇر، ئى كەرەملىك ئاللاھ، گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن!

Haksever İslam Araştırma Merkezi

«ئى ئاللاھ، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھويلا - ئارامىلىرىمنى كەڭ قىلغىن، رىزقىمغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن»[3].

﴿ئى ئاللاھ! ئى پەرۋەردىگارىمىز، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى ئۆچۈرۈۋەتكىن، بىزنى ياخشىلار بىلەن بىرگە ۋاپات قىلدۇرغىن﴾[4].

1 شۇئەبۇل ئىمان، 6923- ھەدىس.
2 سەھىھ مۇسلىم، 216- ھەدىس.
3 تىرمىزىي، 3500- ھەدىس.
4 ئال ئىمران سۈرىسى، 193- ئايەت.

﴿ئى ئاللاھ! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن﴾[1].

﴿ئى پەرۋەردىگارىمىز، سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ پۈتۈن شەيئىلەرگە ئومۇملاشقاندۇر، گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلىپ، سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن!﴾[2].

ئى ئاللاھ، بىزنىڭ كەمچىلىكلىرىمىزدىن ئەپۇ قىلغىن، خاتالىقلىرىمىزنى كەچۈرگىن، يامانلىقلىرىمىزنى ئۆچۈرۈۋەتكىن، بىزنى ياخشىلار بىلەن بىرگە ۋاپات قىلدۇرغىن!

«ئى ئاللاھ، مەن بىلەن گۇناھ - مەئسىيەتلەرنىڭ ئارىسىنى مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك يىراق قىلىۋەتكىن! ئى ئاللاھ، مېنى خاتالىقلىرىمدىن سۇ بىلەن، قار بىلەن ۋە مۆلدۈر بىلەن پاكلىغاندەك پاكلىغىن! ئى

1 ھەشر سۈرىسى، 10- ئايەت.
2 غافىر سۈرىسى، 7- ئايەت.

ئالـلاھ، مېنـى خاتالىقلىرىمدىـن ئـاق كىيىـم كىردىـن پاكلانغانـدەك پاكلىغىـن»[1].

«ئـى ئالـلاھ، مـەن ئۆزۈمگـە كـۆپ ئـۇۋال قىلدىـم، گۇناھلارنـى پەقـەت سـەنلا كەچـۈرۈم قىلىسـەن، مـاڭا ئـۆز دەرگاھىڭدىـن مەغپىـرەت ئاتـا قىلغىـن، رەھىـم - شـەپقەت قىلغىـن، ھەقىقەتـەن سـەن گۇناھلارنـى مەغپىـرەت قىلغۇچـى ۋە ناھايىتـى مەرھەمەتلىكسـەن» [2].

ئـى ئالـلاھ، ئـى بىزنىـڭ ئىلاھىمىـز، گۇناھلىرىمىـز كـۆپ، ئەمما ساڭا دۇئـا قىلىشـتىن ۋاز كەچمەيمىـز. چۈنكـى، يـەر يۈزىـدە شـۇنچە گۇناھـلار بولـۇپ تۇرسـىمۇ، سـەن ئۇلارغـا سـاخاۋەت قىلىـپ تۇرسـەن! ئـى ئالـلاھ، گۇناھلىرىمىزنـى مەغپىـرەت قىلغىـن، چۈنكـى سـەن ئـەڭ ياخشـى مەرھەمـەت قىلغۇچىدۇرسـەن، ئەگـەر گۇناھلىرىمىـز سـەۋەبلىك بىزنـى ئازابلىسـاڭمۇ، يەنـىلا ئادىللىـق بىلـەن ئازابلىغـان بولىسـەن.

1 سەھىھۇل بۇخارىي، 744- ھەدىس.
2 سەھىھۇل بۇخارىي، 834- ھەدىس.

«ئى ئاللاھ، ئى مېنىڭ ئىلاھىم، مەن سەندىن خارلىق بىلەن ئۆتۈنىمەنكى، ماڭا مەرھەمەت قىلىپ ئېھسان ئەيلىگىن»[1].

ئى ئاللاھ، ئى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئەرش ئۈستىدە قارار ئالغان زات، ئى مەخلۇقاتلارنى ئۆلچەملىك ياراتقان ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرغان ۋە ھاياتلىق يولىغا باشلىغان زات! ئى ھەر نەرسىنى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ياراتقان، ئاندىن ئۇنى ياشاش يولىغا يېتەكلىگەن زات!

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئى كۈلدۈرگەن، يىغلاتقان، ئۆلتۈرگەن ۋە ھاياتلىق بەخش ئەتكەن، بەختلىك قىلغان ۋە بەختسىز قىلغان، مەخلۇقاتلارنى يوقلۇقتىن پەيدا قىلغان، ئاخىرىدا يەنە دۇنيادىن يوق قىلغان، خالىغاننى ئۈستۈن، خالىغاننى تۆۋەن قىلغان، خالىغاننى ئەزىز، خالىغاننى خار قىلغان، خالىغانغا بەرگەن، خالىمىغانغا بەرمىگەن، خالىغاننىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرگەن، خالىغاننى چۈشۈرگەن زات ئاللاھ!

1 شۇئەبۇل ئىمان، 1112- ھەدىس.

ئى دېڭىزلاردىن كېمە - پاراخوتلار بىلەن يول ئاچقان، دەريا ۋە ئېقىنلارنى ئاقتۇرغان، كۈندۈزنى كېچىگە، كېچىنى كۈندۈزگە ئالماشتۇرغان زات ئاللاھ! ئى ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەت يولىغا باشلىغان، جاھالەتتىن قۇتقۇزغان، ئەقىللەرنى نۇرلاندۇرغان، قەلبلەرنى تىرىلدۈرگەن، پىكىرلەرنى جانلاندۇرغان زات ئاللاھ! ھىدايەت ئاتا قىلغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدا بىزگىمۇ ھىدايەت ئاتا قىلغىن، تىنىچ - ئامان قىلغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدا بىزنىمۇ تىنىچ - ئامان قىلغىن، دوستلىرىڭ قاتارىدا بىزنىمۇ دوست تۇتقىن! ئى ئاللاھ، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن! پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، شېھىتلەر ۋە سالىھلاردىن ئىبارەت نېمەتكە سازاۋەر بولغان كىشىلەرنىڭ يولىغا باشلىغىن!

ئى ئاللاھ، بىزنى ھىدايىتىڭگە مۇۋەپپەق قىلغىن، ئەمەللىرىمىزنى رازىلىقىڭ ئۈچۈن بولۇشقا نېسىپ قىلغىن!

«ئى ئاللاھ، بىزگە ھەقىقەتنى ھەقىقەت كۆرسەتكىن ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى نېسىپ قىلغىن،



Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

باتىلنى باتىل كۆرسەتكىن ۋە ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن»[1].

«ئى ئاللاھ، نەپسىمىزگە تەقۋالىق ئاتا قىلغىن، ئۇنى پاكلىغىن، سەن ئەڭ ياخشى پاكلىغۇچىسەن، سەن ئۇنىڭ ئىگىسى ۋە خوجايىنىسەن»[2].

﴿ئى ئاللاھ، ئى پەرۋەردىگارىمىز، بىزگە مۇكەممەل نۇر ئاتا قىلغىن، گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن، ھەقىقەتەن سەن ھەر شەيئىگە قادىرسەن﴾[3].

Haksever İslam Araştırma Merkezi

«ئى ئاللاھ، بىزنىڭ قەلبىمىزگە ئىماننىڭ مۇھەببىتىنى سالغىن، ئىماننى چىرايلىق كۆرسەتكىن! بىزگە كۇپرىنى، پاسىقلىقنى ۋە گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى يامان كۆرسەتكىن! بىزنى توغرا يولدا ماڭغانلارنىڭ قاتارىدىن قىلغىن»[4].

«ئى ئاللاھ، ئى قەلبلەرنى يۆتكەپ تۇرغۇچى ئاللاھ، قەلبىمىزنى ساڭا ئىتائەت قىلىشقا

1 شەرھۇ مەزاھەبى ئەھلى سۈننە، 25/1.
2 سەھىھ مۇسلىم، 73- ھەدىس.
3 تەھرىم سۈرىسى، 8- ئايەت.
4 مۇسنەد ئەھمەد، 15492- ھەدىس.

يۆتكىگىن»[1].

ئى ئاللاھ، بىزنى ياخشىلىققا ۋە تەقۋالىققا باشلىغىن، سەن رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەرگە يېتەكلىگىن!

«ئى ئاللاھ، ئى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ، مىكائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرۋەردىگارى، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇننى بىلگۈچى ئاللاھ، بەندىلىرىڭ يول تاپالماي قايمۇقۇپ قالغان ئىشلاردا سەن توغرا ھۆكۈم قىلىسەن، بىزنى ھەق يولغا باشلىغىن، چۈنكى سەن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىسەن»[2].

«ئى ئاللاھ! ئۆزۈڭ شۇنداق ئاتىغان ياكى كىتابىڭ ئارقىلىق چۈشۈرگەن ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە بىلدۈرگەن ياكى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي، ئۆز دەرگاھىڭدىكى غەيبلەر قاتارىدا ساقلىغان بارچە ئىسىملىرىڭنى ۋەسىلە قىلىپ، سەندىن

1 مۇسنەد ئەھمەد، 6569ـ ھەدىس.
2 سەھىھ مۇسلىم، 200ـ ھەدىس.

قۇرئاننى كۆڭلۈمنىڭ باھارى، قەلبىمنىڭ نۇرى، قايغۇلىرىمنى يوق قىلغۇچى ۋە ئەندىشىلىرىمنى كەتكۈزگۈچى قىلىشىڭنى تىلەيمەن»[1].

«ئى ئاللاھ، قەلبىمگە نۇر ئاتا قىلغىن، قۇلىقىمغا نۇر ئاتا قىلغىن، كۆزۈمگە نۇر ئاتا قىلغىن، ئوڭ تەرىپىمدىمۇ نۇر، سول تەرىپىمدىمۇ نۇر ئاتا قىلغىن، ئالدىمدىمۇ نۇر، كەينىمدىمۇ نۇر ئاتا قىلغىن، ئۈستىمدىمۇ نۇر، ئاستىمدىمۇ نۇر ئاتا قىلغىن! ئى ئاللاھ، ماڭا نۇر ئاتا قىلغىن، نۇرۇمنى بەكمۇ پارلاق قىلغىن»[2].

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

«ئى ئاللاھ، مېنى ئىلىمگە باي قىلغىن، مۇلايىملىق بىلەن بېزىگىن، ماڭا تەقۋالىقنى ئىكرام قىلغىن، مېنى تىنچ - ئامانلىق بىلەن گۈزەل قىلغىن»[3].

«ئى ئاللاھ، مەن سەندىن ئازابىڭدىن قورقۇشقا ۋەسىلە بولىدىغان ئىلىمنى، ئالىملاردەك قورقۇشنى، تەۋەككۇل قىلغۇچىلاردىكى جەزمىيەتنى، ساڭا

1 مۇسنەد ئەھمەد، 4318- ھەدىس.
2 سەھىھ مۇسلىم، 181- ھەدىس.
3 تەرتىيبۇل ئەمالىل خەمىيسىييە، 65/1.

جەزمەن ئىشەنگۈچىلەردە بولىدىغان تەۋەككۇلنى، سەندىن قورققۇچىلاردا بولىدىغان تەۋبىنى، ساڭا تەۋبە قىلغۇچىلاردا بولىدىغان قورقۇشنى، سەۋر قىلغۇچىلاردا بولىدىغان شۈكۈرنى، شۈكۈر قىلغانلاردا بولىدىغان سەۋرنى ۋە شېھىتلەرگە قوشۇلۇشنى تىلەيمەن»[1].

ئى ئاللاھ، ماڭا ھىدايەت ئاتا قىلغىن، ھەق يولدا مۇستەھكەم قىلغىن! ئى ئاللاھ، مەن سەندىن ھىدايەتنى ۋە ھەق سۆزدە مۇستەھكەم تۇرۇشنى تىلەيمەن!

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

«ئى ئاللاھ، ماڭا توغرىنى ئىلھام قىلغىن، نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ بەرگىن»2.

«ئى ئاللاھ، سەن ماڭا ئاتا قىلغان ئىلىم بىلەن مېنى مەنپەئەتلەندۈرگىن، ماڭا مەنپەئەت قىلىدىغان ئىلىمنى ئۆگەتكىن، ئىلىمىمنى زىيادە قىلغىن»[3].

1 تەرتىيبۇل ئەمالىل خەمىيسىييە، 93/1.
2 تىرمىزي، 3483- ھەدىس.
3 سۈنەن ئىبنى ماجە، 251- ھەدىس.

«ئى ئاللاھ، مەن سەندىن مەنپەئەتلىك ئىلىم تىلەيمەن، مەنپەئەتسىز ئىلىمدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[1].

«ئى ئاللاھ، مېنى ھەقتە مۇستەھكەم قىلغىن، مېنى توغرا يولغا باشلىغۇچى ۋە توغرا يولدا ماڭغۇچى قىلغىن»[2].

«ئى ئاللاھ، ساڭا بويسۇندۇم، ساڭا ئىمان ئېيتتىم، ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم، ساڭا تەۋبە قىلدىم، سېنى دەپ دۈشمەنلىرىڭ بىلەن جېدەللەشتىم، سەندىن ئۆزگە ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر! ئى ئاللاھ، ئىززەت سۈپىتىڭ بىلەن سورايمەنكى، مېنى ئازدۇرۇۋەتمىگىن، سەن مەڭگۈ ھاياتسەن، ئىنسانلار ۋە جىنلار ئۆلىدۇ، ئەمما ساڭا ئۆلۈم ھەرگىز يېقىن كېلەلمەيدۇ»[3].

«ئى ئاللاھ، مېنى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلارغا يېتەكلىگىن، ئۇنىڭغا پەقەت سەنلا يېتەكلىيەلەيسەن؛ مېنى ناچار ئەخلاقلاردىن يىراق

1 سەھىھ ئىبنى ھىببان، 82- ھەدىس.
2 سەھىھۇل بۇخارىي، 3020- ھەدىس.
3 سەھىھ مۇسلىم، 67- ھەدىس.

قىلغىن، ناچار ئەخلاقلارنى پەقەت سەنلا توسۇپ قالالايسەن» [1].

«ئى ئاللاھ، مېنىڭ جىسمىمنى گۈزەل ياراتقاندەك، ئەخلاقىمنىمۇ گۈزەل قىلغىن»2.

ئى ئاللاھ، ئى دانلاردىن ۋە ئۇرۇقچىلاردىن گۈل - گىياھ ۋە زىرائەتلەرنى ئۈندۈرگۈچى ئاللاھ، ئى جانسىز نەرسىلەردىن جانلىق نەرسىلەرنى چىقارغۇچى ۋە جانلىق نەرسىلەردىن جانسىز نەرسىلەرنى چىقارغۇچى ئاللاھ، ئى زۇلمەتلەر ئارىسىدىن تاڭ نۇرىنى يېرىپ چىقارغۇچى ئاللاھ، ئى كېچىلەرنى ئارام ئالىدىغان ۋاقىت قىلىپ ياراتقان ئاللاھ، ئى كۈندۈزنى، قۇياشنى ۋە ئاينى ئۆلچەملىك ئايلىنىدىغان قىلىپ ياراتقان ئاللاھ، ئى قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزلاردا زۇلمەت ئىچىدە قايمۇقۇپ قالماي توغرا يول تېپىشىمىز ئۈچۈن يۇلتۇزلارنى ياراتقان ئاللاھ!

1 سەھىھ مۇسلىم، 201- ھەدىس.
2 مۇسنەد ئەبى داۋۇد تەيالىسىي، 372- ھەدىس.

ئـى ئالــلاھ، قۇدرىتىــڭ نېمىدېگــەن ئۇلــۇغ! ھېكمىتىــڭ نېمىدېگــەن كاتتــا! ئىسمىڭ نېمىدېگــەن مۇبــارەك! ئۇلۇغلۇقــۇڭ نېمىدېگــەن ئۈســتۈن! ســەندىن باشــقا ھەقىقىــي ئىــلاھ يوقتــۇر.

«ئـى ئالــلاھ، جىمــى ھەمدۇســانالار ســاڭىلا خاســتۇر، ســەندىن ئۆزگــە ھېچبىــر ھەقىقىــي ئىــلاھ يوقتــۇر. ســەن پۈتــۈن مەخلۇقاتلارغــا ياخشــىلىق قىلغۇچىدۇرســەن، ئاســمان ۋە زېمىننــى ئۆرنەكســىز ياراتقۇچىدۇرســەن، ئۇلۇغلــۇق ۋە ئىكــرام ئىگىسىدۇرســەن! ئـى مەڭگــۈ ھايــات ئالــلاھ، ئـى پۈتــۈن ئاســمان ۋە زېمىننــى باشــقۇرۇپ تۇرغۇچــى ئالــلاھ! ســېنىڭ بــۇ ســۈپەتلىرىڭنى ۋەســىلە قىلىــپ، جىمــى تىلەكلىرىمنــى ســەندىنلا تىلەيمــەن»[1].

«ئـى ئالــلاھ، بىزگــە تېخىمــۇ شــۈكۈر ئېيتقۇچىلاردىــن بولۇشــىمىزغا ســەۋەبچى بولىدىغــان، ســاڭا موھتاجلىقىمىزنــى تېخىمــۇ زىيــادە قىلىدىغــان، باشــقىلارغا موھتــاج قىلمايدىغــان دەرىجىــدە رىزىــق ئاتــا قىلغىــن»[2].

1 ئەبۇ داۋۇد، 1495ـ ھەدىس.
2 ھىلىيەتۇل ئەۋلىيا، 225/2.



Haksever Islam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

«ئى ئاللاھ، مەن ياشىنىپ قالغاندا، ئۆمرۈم ئاخىرلىشاي دېگەندە رىزقىمنى كەڭ قىلغىن!»[1].

«ئى ئاللاھ، مەن سېنىڭ پەزلى - مەرھەمىتىڭنى تىلەيمەن، ئۇنى پەقەت سەنلا بېرەلەيسەن»[2].

﴿پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن﴾[3].

«ئى ئاللاھ، مېنى سەن بەرگەن رىزىققا قانائەت قىلدۇرغىن، ئۇنىڭدا ماڭا بەرىكەت ئاتا قىلغىن، مەن ئېرىشەلمىگەن ھەر بىر نەرسىنىڭ ئورنىغا ماڭا ئۇنىڭدىن ياخشىراقىنى بەرگىن!»[4].

﴿ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى قىلغىن﴾[5].

ئى ئاللاھ! ئاسمانلار يۇلتۇزلىرى ۋە بۇرجلىرى بىلەن، زېمىن تۈزلەڭلىكلىرى ۋە يوللىرى بىلەن،

---

1 مۇستەدرەك، 1987- ھەدىس.
2 مۇسەننەف ئىبنى ئەبى شەيبە، 29579- ھەدىس.
3 ساففات سۈرىسى، 100- ئايەت.
4 شۇئەبۇل ئىمان، 3756- ھەدىس.
5 فۇرقان سۈرىسى، 75- ئايەت.

دېڭىزلار جانلىقلىرى ۋە دولقۇنلىرى بىلەن، تاغلار چوققىلىرى ۋە يىلتىزلىرى بىلەن، دەرەخلەر شاخلىرى ۋە مېۋىلىرى بىلەن تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدىغان ئى ئاللاھ! جاڭگاللاردىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار، ئۇۋىلىرىدىكى ئۇچار قۇشلار تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدىغان ئى ئاللاھ! كىچىككىنە چۈمۈلىلەر ۋە بەھەيۋەت يۇلتۇزلار تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدىغان ئاللاھ! يەتتە ئاسمان، يەتتە زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخلۇقاتلار تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدىغان ئاللاھ!

Haksever İslam Araştırma Merkezi

ئى ئاللاھ، ئى ئۈستۈنكى ئاسمانلارنى ياراتقۇچى زات! ئى ئەرش ئۈستىگە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئۆرلىگەن مەرھەمەتلىك ئاللاھ! ئى ئاسمان - زېمىندىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەممە نەرسىلەر، تۇپراق ئاستىدىكى بارچە نەرسىلەر مۈلكى بولغان ئاللاھ! ئى سىرلارنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يوشۇرۇن بولغان ئىشلارنى بىلگۈچى ئاللاھ! ئى گۈزەل ئىسىملارنىڭ ئىگىسى ئاللاھ! ئى بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ئاللاھ! ئى بەندىلەرنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللاھ! ئى ھەر

شـەيئىگە يارىتىلىش شـەكلىنى ئاتا قىلىپ، ئۇنى ھاياتلىق يولىغا باشلىغان ئاللاھ!

ئى ئاللاھ، سەن ئابىدلار تەۋەججۇھ قىلىشتىن بۇرۇنمۇ ئېھسان قىلىشنى باشلىغان زاتتۇرسەن، سەن ھاجەتمەنلەر ھاجىتىنى سوراشتىن بۇرۇنمۇ خەيرى - ساخاۋەتنى باشلىغۇچى، بەندىلەرگە ھەقسىز نېمەت ئاتا قىلغۇچىدۇرسەن!

«ئى ئاللاھ، مەن سەندىن جەننەتنى ۋە جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان گەپ - سۆز ۋە سالىھ ئەمەللەرنى تىلەيمەن! ئى ئاللاھ، مەن دوزاختىن ۋە دوزاخقا يېقىنلاشتۇرىدىغان گەپ سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلەردىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[1].

﴿ئى پەرۋەردىگارىم! دەرگاھىڭدا ماڭا جەننەتتىن بىر ئۆي بىنا قىلغىن﴾[2].

ئى ئاللاھ، مەن سەندىن رازىلىقىڭنى ۋە جەننىتىڭنى تىلەيمەن، ساڭا سىغىنىپ غەزىپىڭدىن ۋە دوزاختىن پاناھ تىلەيمەن!

1 سەھىھ ئىبنى ھىببان، 869- ھەدىس.
2 تەھرىم سۈرىسى، 11- ئايەت.

Hakseven İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

«ئى ئاللاھ، جىمى ئىشلىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلغىن، بىزنى دۇنيادا رەسۋا بولۇشتىن، ئاخىرەتتە ئازابقا قېلىشتىن ساقلىغىن»[1].

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ﴾[2].

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾[3].

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن﴾[4].

ئى ئاللاھ، مەن سەندىن جەننەتنى تىلەيمەن ۋە ساڭا سىغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەيمەن!

1 مۇسنەد ئەھمەد، 17628- ھەدىس.
2 فۇرقان سۈرىسى، 65- ئايەت.
3 ئال ئىمران سۈرىسى، 16- ئايەت.
4 ئال ئىمران سۈرىسى، 194- ئايەت.

«ئى ئاللاھ، مېنىڭ ھېسابىمنى ئاسان قىلغىن!»[1].

ئى ئاللاھ، بىز بىلىپ تۇرۇپ شېرىك كەلتۈرۈشتىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. بىلمەسلىكتىن قىلىپ قويغان ئىشلىرىمىزغا كەچۈرۈم سورايمىز.

«ئى ئاللاھ، ئى دۇئالارنى ئاڭلىغۇچى ئاللاھ! بىز مۇسىبەتنىڭ كېلىشىدىن، بەختسىزلىكنىڭ يېتىشىدىن، قەدەرنىڭ يامانلىقىدىن، دۈشمەنلەرنىڭ كۈلكىسىگە قېلىشىمىزدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز»[2].

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

«ئى ئاللاھ، جەھەننەم ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، دۇنيا ھاياتىنىڭ پىتنىسىدىن، ئۆلگەندىن كېيىنكى ئازابلاردىن ۋە دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن! گۇناھكار بولۇپ قېلىشتىن ۋە قەرزدارلىقتىن پاناھ تىلەيمەن»[3].

1 سەھىھ ئىبنى ھىببان، 7372- ھەدىس.
2 سەھىھۇل بۇخارىي، 6347- ھەدىس.
3 مۇسنەد شامىييىن، 80- ھەدىس.

«ئى ئاللاھ، مەن دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان پىتنىلەردىن ۋە دوزاخ ئازابىدىن، قەبرە ئازابىغا سەۋەب بولىدىغان پىتنىلەردىن ۋە قەبرە ئازابىدىن، بايلىق ۋە نامراتلىق پىتنىسىدىن كېلىپ چىقىدىغان يامانلىقلاردىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن! ئى ئاللاھ، دەججالنىڭ پىتنىسى سەۋەبلىك كېلىپ چىقىدىغان يامانلىقلاردىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن! ئى ئاللاھ، ھۇرۇنلۇقتىن، گۇناھكارلىقتىن ۋە قەرزدارلىقتىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[1].

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

«ئى ئاللاھ، ئاجىزلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، ھەددىدىن زىيادە قېرىپ كېتىشتىن، دىلىمنىڭ قاتماللىشىپ قېلىشىدىن، غاپىللىقتىن، نامراتلىقتىن، خارلىقتىن، بىچارىلىكتىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن! ئى ئاللاھ، پېقىرلىقتىن، كۇپۇرلۇقتىن، پاسىقلىقتىن، ئۆكتىچىلىكتىن، مۇناپىقلىقتىن، شۆھرەتپەرەسلىكتىن، رىياخورلۇقتىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن! ئى ئاللاھ، مەن گاسلىقتىن،

1 سەھىھۇل بۇخارىي، 6377- ھەدىس.

گاچىلىقتىن، ساراڭلىقتىن، جۇزام[1] كېسىلىدىن، ئاق كېسەلدىن ۋە باشقا يامان ئاقىۋەتلىك كېسەللەردىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[2].

«ئى ئاللاھ، مەن مەنپەئەتسىز ئىلىمدىن، قورقماس قەلبتىن، تويماس نەپسىدىن، دۇئانىڭ ئىجابەت بولماسلىقىدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[3].

«ئى ئاللاھ، يامان ئەخلاقلاردىن، ناچار ئەمەللەردىن، پەسكەش ھاۋايى - ھەۋەسلەردىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[4].

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

«ئى ئاللاھ، قۇلىقىمنىڭ ۋە كۆزۈمنىڭ يامانلىقىدىن؛ تىلىمنىڭ، قەلبىمنىڭ ۋە ئەۋرىتىمنىڭ شەررىدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[5].

ئى ئاللاھ، يالغان گەپ قىلىشتىن، بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن ياكى رەھمىتىڭنى كۆرۈپ كۆرەلمەي

1 ماخاۋ كېسىلى.
2 سەھىھ ئىبنى ھىببان، 1023- ھەدىس.
3 سەھىھ مۇسلىم، 73- ھەدىس.
4 تىرمىزىي، 1591- ھەدىس.
5 ئەبۇ داۋۇد، 1551- ھەدىس.

كېيىنكى ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن!

«ئى ئاللاھ، ساڭا سېغىنىپ ئۆكتىچىلىكتىن، مۇناپىقلىقتىن ۋە يامان ئەخلاقتىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

«ئى ئاللاھ، سېنىڭ رازىلىقىڭغا سېغىنىپ غەزىپىڭدىن، خاتىرجەم قىلىشىڭغا سېغىنىپ ئازابىڭدىن ۋە رەھمىتىڭگە سېغىنىپ غەزىپىڭدىن پاناھ تىلەيمەن! ساڭا بولغان مەدھىيەلەرنى ساناپ تۈگىتەلمەيمەن. سەن ئۆزۈڭنى قانداق مەدھىيەلىگەن بولساڭ، سەن شۇنىڭغا لايىق زاتسەن»[2].

«ئى ئاللاھ، ئى يەتتە ئاسمانىنىڭ ۋە يەتتە زېمىنىنىڭ رەببى، ئى ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارى! ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئى ھەممە شەيئىنىڭ پەرۋەردىگارى! ئى دانلاردىن ۋە ئۇرۇقچىلاردىن زىرائەت ۋە گۈل - گىياھلارنى ئۈندۈرگۈچى ئاللاھ! ئى تەۋراتنى، ئىنجىلنى ۋە

1 سۈنەن نەسائىي، 5471- ھەدىس.
2 سەھىھ مۇسلىم، 222- ھەدىس.

قۇرئاننى نازىل قىلغۇچى ئاللاھ! باشقۇرۇشۇڭ ئاستىدىكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سەن ئاۋۋالسەن، سەندىن ئىلگىرى ھېچ نەرسە يوقتۇر؛ سەن ئاخىرسەن، سەندىن كېيىن ھېچ نەرسە يوقتۇر؛ سەن ئاشكارىسەن ۋە ئۈستۈنسەن، سەندىن ئاشكارا ۋە ئۈستۈن ھېچ نەرسە يوقتۇر؛ سەن مەخپىيسەن، سەندىن مەخپىي ھېچنەرسە يوقتۇر؛ بىزنى قەرزدارلىقتىن قۇتقۇزغىن، پېقىرلىقتىن ئازاد قىلغىن!»[1].

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

«ئى ئاللاھ، قەرزنىڭ بېسىۋېلىشىدىن، دۈشمەنلىنىڭ غالىب كېلىۋېلىشىدىن ۋە ئۇلارنىڭ كۈلكىسىگە ئايلىنىپ قېلىشىمدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[2].

«ئى ئاللاھ، نامراتلىقتىن، يوقسۇزلۇقتىن، باشقىلارغا زۇلۇم قىلىپ قويۇشتىن ياكى زۇلۇمغا ئۇچراشتىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[3].

1 مۇسنەد ئەھمەد، 8960- ھەدىس.
2 سۈنەن نەسائىي، 5475- ھەدىس.
3 مۇسنەد ئەھمەد، 8053- ھەدىس.

«ئى ئاللاھ، بايلىق پىتنىسىدىن ۋە نامراتلىق پىتنىسىدىن كېلىپ چىقىدىغان يامانلىقلاردىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[1].

«ئى ئاللاھ، سەن بەرگەن نېمەتلەردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن، خاتىرجەملىكنىڭ كۆچۈپ كېتىشىدىن، ئازابىڭ تۇيۇقسىز كېلىشىدىن ۋە غەزىپىڭنى كەلتۈرىدىغان ھەرقانداق ئىشتىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[2].

ئى ئاللاھ، شۇملۇققا تولغان كېچە ۋە كۈندۈزدىن، تۇرغان جايلىرىمدىكى ناچار دوست، يامان قوشنىدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن!

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

«ئى ئاللاھ، ئېگىزدىن پەسكە چۈشۈپ كېتىشتىن، يىقىلغان نەرسىلەرنىڭ ئاستىدا قېلىشتىن، سۇدا غەرق بولۇپ كېتىشتىن، ئوتتا كۆيۈپ كېتىشتىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن! سەكراتنىكى چاغلىرىمدا شەيتاننىڭ قالايمىقان گەپ قىلدۇرۇپ ئازدۇرۇۋېتىشىدىن ۋە جەڭ مەيدانىدا

1 سەھىھ مۇسلىم، 49- ھەدىس.
2 سەھىھ مۇسلىم، 96- ھەدىس.

دۈشــمەندىن قېچىشــتىن ســاڭا ســىغىنىپ پانــاھ تىلەيمــەن! ئــى ئالــلاھ، يــلان - چايــان چېقىۋالغــان هالــدا ئۆلــۈپ كېتىشــتىن ســاڭا ســىغىنىپ پانــاھ تىلەيمــەن»[1].

ئــى ئالــلاھ، يامانلارنىــڭ شــەررىدىن، بۇزغۇنچىلارنىــڭ مىكرىدىــن، كېچــە - كۈنــدۈزدە يــۈز بېرىدىغــان يامانلىقلاردىــن ســاڭا ســىغىنىپ پانــاھ تىلەيمــەن!

ئــى ئالــلاھ، ئــى پەرۋەردىگارىــم، يامانلارنىــڭ كۆزىدىــن، ســېھرىگەرلەرنىڭ ســېھرىدىن، شــۇم نىيەتلەرنىــڭ شــەررىدىن ســاڭا ســىغىنىپ پانــاھ تىلەيمــەن!

«ئــى ئالــلاھ، ســاڭا ســىغىنىپ ئاچلىقتىــن پانــاھ تىلەيمــەن، ئاچلىــق ئەجــەب يامــان نەرســە! ئــى ئاللاھ، خىيانــەت قىلىــپ سېلىشــتىن ســاڭا ســىغىنىپ پانــاھ تىلەيمــەن! خىيانــەت بــەك يامــان ئىشــتۇر»[2].

ئــى ئالــلاھ، پەرزەنتلىرىمنىــڭ بويۇنتاۋلىقىدىــن،

1 مۇسنەد ئەھمەد، 8053- ھەدىس.
2 ئەبۇ داۋۇد، 1547- ھەدىس.

ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن ياتلىشىپ قېلىشتىن، باشقىلارغا قوپاللىق قىلىشتىن، دوستلارنىڭ تۇيۇقسىز تەتۈر قارىشىپ قېلىشىدىن، دۈشمەنلەرنىڭ كۈلكىسىگە قېلىشىمدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن!

«ئى ئاللاھ، خاتالىشىپ قېلىشتىن ياكى خاتالاشتۇرۇلۇشتىن، ئېزىپ كېتىشتىن ياكى ئازدۇرۇلۇشتىن، زۇلۇم قىلىشتىن ياكى زۇلۇمغا ئۇچراشتىن، نادانلىقتىن ياكى نادان قالدۇرۇلۇشتىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[1].

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

«ئى ئاللاھ، بىز سەندىن ياردەم تىلەيمىز، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمىز، سەندىن ھىدايەت تىلەيمىز، ساڭا ئىمان كەلتۈرىمىز، ساڭا تەۋبە قىلىمىز، ساڭا تايىنىمىز، سېنى پۈتكۈل ياخشىلىقلار بىلەن ماختايمىز، ساڭا شۈكۈر ئېيتىمىز، تۇزكورلۇق قىلمايمىز، ساڭا ئاسىيلىق قىلغانلارنى تەرك ئېتىمىز! ئى ئاللاھ، بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەن ئۈچۈنلا ناماز ئوقۇيمىز، ساڭىلا سەجدە

1 ئەددۇئا، 148/1.

قىلىمىز، سەن تەرەپكىلا يۈگۈرىمىز ۋە ئالدىرايمىز، رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمىز، ئازابىڭدىن قورقىمىز، سېنىڭ ئازابىڭ ھەقىقەتەن كاپىرلارغا يېپىشىۋالغۇچىدۇر»[1].

«ئى ئاللاھ، سەن ھىدايەت بەرگەن كىشىلەرنىڭ قاتارىدا ماڭىمۇ ھىدايەت بەرگىن، سەن خاتىرجەملىك ئاتا قىلغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدا ماڭىمۇ خاتىرجەملىك ئاتا قىلغىن؛ سەن دوست تۇتقان كىشىلەرنىڭ قاتارىدا مېنىمۇ دوست تۇتقىن، ماڭا بەرگەن نەرسىلەرنى مەن ئۈچۈن بەرىكەتلىك قىلىپ بەرگىن، مېنى ھۆكۈملىرىڭنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىغىن! سەن ھۆكۈم قىلىسەن، ساڭا ھۆكۈم قىلىنمايدۇ، سەن دوست تۇتقان كىشى خار بولمايدۇ، سەن دۈشمەن تۇتقان كىشى ئەزىز بولمايدۇ. ئى رەببىمىز، سەن ئۇلۇغسەن ۋە ئۈستۈنسەن! قىلغان ھۆكۈملىرىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەمدۇسانالار بولسۇن، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن، ساڭا تەۋبە قىلىمەن»[2].

---

1 مۇسەنەد ئىبنى ئەبى شەيبە، 29718- ھەدىس.
2 سەھىھ ئىبنى ھىببان، 722- ھەدىس.

ئـى ئالـلاھ، ئـى پەرۋەردىگارىمىـز، بىزنـى ئىسـلام بىلـەن، ئىسـلامنى بىـز بىلـەن كۈچلەندۈرگىـن، بىـز ئارقىلىـق تەۋھىـد كەلىمىسـىنى ئۈسـتۈن قىلغىـن، بىـز ئارقىلىـق قۇرئـان بايرىقىنـى ئېگىـز قىلغىـن!

«ئـى ئالـلاھ، ئـى قۇرئـان كەرىمنـى نازىـل قىلغۇچـى، بۇلۇتلارنـى ماڭدۇرغۇچـى، دۈشـمەنلەرنى مەغلـۇپ قىلغۇچـى»[1]، كۆزلىرىمىـز كۆرىدىغـان ۋە كۆرمەيدىغـان ھەممـە نەرسـىنى بىلگۈچـى ئالـلاھ، چاقىرىلسـاڭ ئىجابـەت قىلىدىغـان، سورالسـاڭ بېرىدىغـان ئۇلـۇغ ئىسـمىڭ بىلـەن سـەندىن ھاجەتلىرىمىزنـى تىلەيمىـز!

ئـى ئالـلاھ، ئـى مەڭگـۈ ھايـات، ھەممىنـى باشـقۇرۇپ تۇرغۇچـى ئالـلاھ، قىيامـەت كۈنـى سـەن بەرگـەن سايىدىن باشـقا سـايە بولمايدىغـان كۈنـدە مېنـى ئەرشـىڭ سايىسـى ئاسـتىدا تۇرۇشـقا نېسـىپ قىلغىـن!

ئـى ئالـلاھ، مۇشـرىكلار يامـان كۆرگـەن تەقدىردىمـۇ، دىنىڭنـى بارلىـق دىنـلار ئۈسـتىدىن

1 ئەددۇئا، 1070.

غالىب قىلغىن!

ئى ئاللاھ، ئى بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن كىشى دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىدىغان، كۆلپىتىنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ئاللاھ، ئەسىرگە چۈشكەن، تۈرمىلەرگە ۋە لاگېرلارغا سولانغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مۇسىبىتىنى كۆتۈرۈۋەتكىن! ئى ئاللاھ، ئۆز كۈچ - قۇۋۋىتىڭ ئارقىلىق ئۇلارنى ئەسىرلىكتىن قۇتقۇزغىن، ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سۇنغان قەلبىگە مەلھەم بولغىن، ئۆز لۇتفى - مەرھەمىتىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئىگە بولغىن، ئۇلارنى ئائىلىسىگە ساق - سالامەت ۋە نەتىجە قازانغان ھالدا قايتۇرغىن!

ئى ئاللاھ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى ئاجىز مۇسۇلمانلارغا ئىگە بولغىن، ئۇلارنىڭ كۆلپىتىنى كۆتۈرۈۋەتكىن، مۇسىبىتىنى يوق قىلىۋەتكىن، خاتالىقلىرىدىن ئۆتۈۋەتكىن، ئىشلىرىغا ئۆزۈڭ ئىگە بولغىن ئى ئاللاھ!

ئى ئاللاھ، مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىقىنى ئۈستۈن قىلغىن، دۈشمەنلىرىنى خار قىلغىن، سەپلىرىنى

بىرلەشتۈرگىن، بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنى ساقلىغىن، ئۇلارنى ئۆز دەرگاھىڭغا ئىمان بىلەن كەتكىلى نېسىپ قىلغىن!

ئى ئاللاھ، ئۇلارغا سەندىن بەكرەك ياخشىلىق قىلغۇچى يوق، سەندىن بەكرەك مەرھەمەت قىلغۇچى يوق، سەندىن بەكرەك كۆيۈنگۈچى يوق! ئى ئاللاھ، ئۇلارنى ئۆزۈڭ يارانتىڭ، ئۇلار ھامان سەن تەرەپكە قايتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلغىن، يامان قىلمىغىن، ئۇلارغا غەلىبە - نۇسرەتنى يار قىلغىن ئى پەرۋەردىگارىم!

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئى ئاللاھ، ئى ھاجەتلىرىمىزنى راۋا قىلغۇچى ئاللاھ! ئى سېخىيلارنىڭ سېخىيسى ئاللاھ! ئى چەكسىز كەرەملىك ئاللاھ! ئى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى بۈيۈك ئاللاھ! ئى ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى ئاللاھ! ئى سۆزى تولىمۇ راست ئاللاھ! ئى ۋەدىسىگە بەكمۇ ۋاپا قىلىدىغان ئاللاھ! ئى مەخلۇقاتلىرىنى بەكمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! ئى ھېسابنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئالغۇچى ئاللاھ! ئى جىنايەتچىلەرگە چەكسىز

مەرھەمەت قىلغۇچى ئاللاھ! ئى مەخلۇقاتلىرىغا چەكسىز ياخشىلىق قىلغۇچى ئاللاھ! ئى شەرىئەتنى ھېكمەت بىلەن يولغا قويغۇچى ئاللاھ! ئى ئىبادەت قىلىشقا ئەڭ لايىق ئاللاھ! ئى دۇئا قىلىنىشقا ئەڭ لايىق ئاللاھ! ئى دۇئالارنى ئىجابەت قىلىش بىلەن بەندىلىرىگە كۆپ ياخشىلىق قىلغۇچى ئاللاھ!

«ئى ئاللاھ، مەن سەندىن ئەڭ ياخشى تىلەكنى، ئەڭ ياخشى دۇئانى، ئەڭ ياخشى مۇۋەپپەقىيەتنى، ئەڭ ياخشى ئەمەلنى، ئەڭ ياخشى مۇكاپاتنى، ئەڭ ياخشى ھاياتنى ۋە ئەڭ ياخشى ئۆلۈمنى تىلەيمەن! ئى ئاللاھ، مېنى ھەق يولدا ساباتلىق قىلغىن، ياخشى ئەمەللىرىمنى تارازا - مىزاندا ئېغىر قىلغىن، ماڭا ھەقىقىي ئىمان ئاتا قىلغىن، دەرىجىلىرىمنى ئۈستۈن قىلغىن، نامىزىمنى قوبۇل قىلغىن، خاتالىقلىرىمنى كەچۈرگىن! ئى ئاللاھ، مەن سەندىن جەننەتتىكى ئالىي دەرىجىلەرنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ، مەن سەندىن قىلىدىغان ئىشنىڭ ياخشىسىنى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشنىڭ ياخشىسىنى ھەم جەننەتتىكى ئالىي دەرىجىلەرنى تىلەيمەن! ئى ئاللاھ، مەن ھەقىقەتەن سەندىن

ئابرۇيۇمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىڭنى، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى، ئىشلىرىمنى ئىسلاھ قىلىشىڭنى، قەلبىمنى پاكلىشىڭنى، زىنايى ھارامدىن ساقلىشىڭنى، قەلبىمنى نۇرلاندۇرۇشىڭنى، خاتالىقلىرىمنى ئەپۇ قىلىشىڭنى ۋە جەننەتتىكى ئالىي دەرىجىلەرنى بېرىشىڭنى تىلەيمەن! ئى ئاللاھ، مەن ھەقىقەتەن سەندىن ۋۇجۇدۇمغا بەرىكەت ئاتا قىلىشىڭنى، قۇلىقىمغا، كۆزۈمگە، روھىمغا، جىسمىمغا، ئەخلاقىمغا، ئائىلەمگە، ھاياتىمغا، ماماتىمغا، ئەمەللىرىمگە بەرىكەت ئاتا قىلىشىڭنى تىلەيمەن! ئى ئاللاھ، ياخشىلىقلىرىمنى قوبۇل قىلغىن، ماڭا جەننەتتىكى ئالىي دەرىجىلەرنى بېرىشىڭنى تىلەيمەن»[1].

«ئى ئاللاھ، جىمى ھەمدۇسانالار ساڭا مەنسۇپتۇر، سەن بەرگەن نەرسىلەرنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ، سەن بەرمىگەن نەرسىلەرنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ؛ سەن ئازغۇنلۇققا ھۆكۈم قىلغان كىشىلەرنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ، سەن ھىدايەت قىلغان كىشىلەرنى ھېچكىم

1 مۇستەدرەك، 1911- ھەدىس.

ئازدۇرۇۋېتەلمەيدۇ؛ سەن يىراق قىلغان نەرسىلەرنى ھېچكىم يېقىنلاشتۇرالمايدۇ، سەن يېقىنلاشتۇرغان نەرسىلەرنى ھېچكىم يىراقلاشتۇرالمايدۇ! ئى ئاللاھ، بىزگە بەرىكىتىڭنى، رەھمىتىڭنى، پەزلى - ئېھسانىڭنى ۋە رىزقىڭنى كەڭرى قىلغىن! ئى ئاللاھ، مەن ھەقىقەتەن سەندىن يۆتكەلمەيدىغان ۋە يوقالمايدىغان مۇقىم نېمەت تىلەيمەن! ئى ئاللاھ، مەن ھەقىقەتەن سەندىن موھتاجلىق كۈنلەردە نېمەت ئاتا قىلىشىڭنى، قورقۇنچلۇق كۈنلەردە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىشىڭنى تىلەيمەن! ئى ئاللاھ، بەرگەن نېمەتلىرىڭگە ۋە چەكلىگەن نەرسىلىرىڭگە ئەگىشىپ كېلىدىغان يامانلىقتىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[1].

ئى ئاللاھ، بىزنى مۇسۇلمان ھالەتتە ۋاپات قىلدۇرغىن، مۇسۇلمان ھالەتتە تىرىلدۈرگىن، بىزنى ياردەمسىز قالمىغان ۋە پىتنىگە تاشلانمىغان ھالدا سالىھلار بىلەن بىرگە قىلغىن! ئى ئاللاھ، پەيغەمبەرلىرىڭنى يالغانچى دەيدىغان ۋە سېنىڭ يولۇڭدىن توسىدىغان كاپىرلارغا ئۆزۈڭ كۇپايە

1 مۇسنەد ئەھمەد، 15492- ھەدىس.

قىلغىــن، ئۇلارنــى جازالىغىــن ۋە ئازابلىغىــن! ئــى ئاللاھ، يەھۇدىــي ۋە ناســارالارغا ئــۆزۈڭ كۇپايــە قىلغىــن!

«ئــى ئاللاھ، سەن غەيبنى بىلسەن، مەخلۇقاتــلار ئۈســتىدىن غالىبسەن، ھاياتىمنى ياخشى دەپ بىلسەڭ، مېنى ھايات قالدۇرغىن؛ ۋاپاتىمنى ياخشى دەپ بىلسەڭ، مېنى ۋاپات قىلدۇرغىن! ئى ئاللاھ، خۇشال چېغىمدىمۇ ۋە غەزەپلەنگەن چېغىمدىمۇ ماڭا ھەق سۆزنى ئېيتىشنى نېسىپ قىلغىن! ئى ئاللاھ، مەن سەندىن بايلىق ۋە نامراتلىقتا ئوتتۇراھاللىقنى، توختاپ قالمايدىغان نېمەتنى، قايغۇ ئەگىشىپ كەلمەيدىغان خۇشاللىقنى تىلەيمەن! ئى ئاللاھ، مەن سەندىن قازا ۋە قەدەرگە رازى بولۇشنى، ئۆلگەندىن كېيىن راھەتلىك تۇرمۇشنى ۋە جامالىڭنى كۆرۈش لەززىتىنى تىلەيمەن! ئى ئاللاھ، بىزنى ئىمان بىلەن بېزىگىن، بىزنى توغرا يولغا باشلىغۇچى ھەم ھىدايەت تاپقۇچى قىلغىن»[1].

1 سۇنەن نەسائىي، 1305- ھەدىس.

«ئى ئاللاھ، مېنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، يامان ئىشلارنى تاشلاشقا، مىسكىنلەرنى ياخشى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق قىلغىن! ئى ئاللاھ، مەن سەندىن گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈشۈڭنى، ماڭا رەھمەت قىلىشىڭنى تىلەيمەن! ئى ئاللاھ، ئەگەر سەن مەلۇم بىر قەۋمنى پىتنىگە تاشلاشنى ئىرادە قىلساڭ، مېنى سالامەت ھالدا ۋاپات قىلدۇرغىن! ئى ئاللاھ، مەن سەندىن مۇھەببىتىڭنى، سەن ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈشنى ۋە سېنى ياخشى كۆرۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ھەر قانداق ئەمەلنى ياخشى كۆرسىتىشىڭنى تىلەيمەن»[1].

Haksever İslam Araştırma Merkezi

«ئى ئاللاھ، مەن سەندىن بارچە ياخشىلىقلارنى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ياخشىلىقلارنى، مەن بىلگەن ۋە بىلەلمىگەن ياخشىلىقلارنى تىلەيمەن! ئى ئاللاھ، جىمى يامانلىقلاردىن، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى يامانلىقلاردىن، مەن بىلگەن - بىلمىگەن بارلىق يامانلىقلاردىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن! ئى ئاللاھ، مەن سەندىن بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھسسالام تىلىگەن

1 تىرمىزىي، 3235- ھەدىس.

ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى تىلەيمەن! بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پاناھ تىلىگەن نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[1].

«ئى ئاللاھ، گۇناھلىرىمنى قالدۇرماي كەچۈرۈۋەتكىن، غەملىرىمنى قالدۇرماي كۆتۈرۈۋەتكىن، قەرزلىرىمنى قالدۇرماي ئادا قىلىۋەتكىن، ھېچبىر كېسەلنى قالدۇرماي شىپالىق بەرگىن، مۇسىبەتتە قالغان ھەر كىشىنى خاتىرجەم قىلغىن، يولدىن ئېزىپ كەتكەنلەرنى ھىدايەتكە باشلىغىن. قايمۇقۇپ قالغانلارنى ھەق يولغا قايتۇرغىن، زۇلۇم قىلىنغانلارغا ياردەم بەرگىن، ئەسىرلەرنى قۇتقۇزغىن، ۋاپات بولغانلارغا رەھىم - شەپقەت قىلغىن، ئۇلارغا مەرھەمەت ئەيلىگىن، سەن مەمنۇن بولىدىغان ۋە بىزگە ياخشى بولغان ھەر قانداق ھاجەتلىرىمىزنى راۋا قىلغىن، ئۇنى ئۆز پەزلىڭ بىلەن ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن، ئى ساخاۋەتلىك ئاللاھ، ئى سېخىيلارنىڭ سېخىيسى

1 مۇسنەد ئەھمەد، 25019- ھەدىس.

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئالـلاھ»[1].

«ئـى ئالـلاھ، مېنىـڭ زىيىنىـم ئۈچـۈن ئەمـەس، مەنپەئەتىم ئۈچـۈن يـاردەم بەرگىـن! ئى ئالـلاھ، مـاڭا جۈرئـەت ئاتـا قىلغىـن، مـاڭا قارشى دۈشـمەنلىرىمگە يــاردەم بەرمىگـىــن، مــاڭا ھىدايــەت ئاتــا قىلغىـــن، ئەقلىمنـى نۇرلاندۇرغىـن، زالىمـلار ئۈسـتىدىن مـاڭا يــاردەم بەرگىـــن! ئـى ئالــلاھ، مېنـى ســاڭا شـۈكۈر قىلغۇچـى، زىكىـر ئېيتقۇچـى، سـەندىن قورققۇچـى، سـاڭا ئىتائـەت قىلغۇچـى، سـاڭا قايتقۇچـى، سـېنى دەپ ئـاھ ئۇرغۇچـى، ساڭا تەۋبـە قىلغۇچـى قىلغىـن! ئــى پەرۋەردىگارىــم، تەۋبەمنــى قوبــۇل قىلغىــن، گۇناھىمنـى يۇغىـن، دۇئايىمنـى ئىجابـەت قىلغىـن، دەلىـل - ئىسـپاتىمنى مۇستەھكەم قىلغىـن، قەلبىمگـە ھاياتلىــق بېغىشــلىغىن، تىلىمنــى ھەقتــە ســابىت قىلغىـن، قەلبىمنـى ئـۆچ - ئاداۋەتتىـن پـاك قىلغىن»[2].

ئــى ئالـــلاھ، مــەن ســەندىن قىيىنچىلىــق ئەگەشـمىگەن ئاسـانلىقنى، پېقىرلىـق ئەگەشـمىگەن بايلىقنــى، قورقۇنــچ ئەگەشــمىگەن خاتىرجەملىكنــى،

1 سۇنەن ئىبنى ماجە، 1384- ھەدىس.
2 سۇنەن ئىبنى ماجە، 3830- ھەدىس.

شۇملۇق ئەگەشمىگەن بەختىيارلىقنى تىلەيمەن!

«ئى ئاللاھ، قەلبىمىزنى بىرلەشتۈرگىن، ئارىمىزنى ئىسلاھ قىلغىن، تىنچلىق يوللىرىغا باشلىغىن، بىزنى قاراڭغۇ - زۇلمەتلەردىن يورۇقلۇققا چىقارغىن، ئاشكارا - يوشۇرۇن قەبىھ گۇناھلاردىن يىراق قىلغىن؛ قۇلاقلىرىمىزغا، كۆزلىرىمىزگە، قەلبلىرىمىزگە، ھالال جۈپتلىرىمىزگە، بالىچاقىلىرىمىزغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن، ئىسلام ئۈچۈن قوشقان تۆھپىمىزنى قوبۇل قىلغىن، ھەقىقەتەن سەن قوبۇل قىلغۇچى ۋە ناھايىتى مېھرىبانسەن! ئى ئاللاھ، بىزنى نېمەتلىرىڭگە شۈكۈر قىلىدىغانلاردىن، ساڭا ھەمدۇسانا ئوقۇيدىغانلاردىن قىلغىن، بىزگە نېمەتلىرىڭنى مۇكەممەل قىلىپ بەرگىن!»[1].

ئى ئاللاھ، ئى قەلبلەرنى ۋە كۆزلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرغۇچى ئاللاھ، قەلبىمىزنى تائەتىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن، بىزنى ھىدايەت يولىغا باشلاپ بولغاندىن كېيىن

1 ئەبۇ داۋۇد، 969- ھەدىس.

قەلبىمىزنى ھەق يولدىن قايدۇرۇۋەتمىگىن، بىزنى دىنىي ئىشلىرىمىزدا گاڭگىرىتىپ قويمىغىن! ئى ئاللاھ، بۈگۈنىمىزنى تۈنۈگۈندىن ياخشىراق، ئەتىمىزنى بۈگۈندىن ياخشىراق قىلغىن، ئاخىرقى ئۆمرىمىزنى ياخشىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە نېسىپ قىلغىن، ئاخىرقى ئەمەللىرىمىزنى ھەم ياخشى قىلغىن، كۈنلىرىمىزنىڭ ياخشىسىنى سەن بىزدىن رازى بولغان ھالەتتە ئۇچرىشىدىغان كۈن قىلغىن!

ئى ئاللاھ، سەن بىزنى ياراتتىڭ، ھىدايەت قىلدىڭ، بىزگە يېمەك - ئىچمەك بەردىڭ، كېسەللىرىمىزگە شىپالىق بەردىڭ! ئى ئاللاھ، سەن جېنىمىزنى ئېلىپ، ئاندىن يەنە تىرىلدۈرىدىغان زاتتۇرسەن. قىيامەت كۈنى خاتالىقلىرىمىزنى كەچۈرۈشۈڭنى ئۈمىد قىلىمىز ئى ئاللاھ!

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

(پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىم ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارغا قوشقىن، كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن، مېنى نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن)[1].

1 شۇئەرا سۈرىسى، 83- ئايەتتىن 85- ئايەتكىچە.

﴿قىيامەت كۈنى مېنى رەسۋا قىلمىغىن. ئۇ كۈنى (ھېچكىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، پەقەت (ئاللاھنىڭ دەرگاھى) غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ﴾[1].

«ئى ئاللاھ، مېنى ھەر ۋاقىت ئىسلام بىلەن ياشىغىلى نېسىپ قىلغىن؛ ئولتۇرغاندىمۇ، ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئۇخلىغاندىمۇ، ھەر ۋاقىت مېنى ئىسلام بىلەن ياشاشتىن مەھرۇم قىلمىغىن، مېنى دۈشمەنلەرگە ۋە ھەسەتخورلارغا كۈلكە قىلىپ قويمىغىن!»[2].

Hakseven İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

«ئى قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلغۇچى، ھەر زامان ھەقنى سۆزلىگۈچى ئاللاھ، قىيامەت كۈنى مېنى خاتىرجەم قىلىشىڭنى، جەننەتتە ئاللاھنىڭ ئىبادەتگۈي ۋە ئەھدىگە ۋاپا قىلىدىغان يېقىن بەندىلىرى بىلەن بىرگە قىلىشىڭنى تىلەيمەن، سەن ناھايىتى شەپقەتلىكتۇرسەن، مۇئمىنلەرنى دوست تۇتقۇچىدۇرسەن، خالىغىنىڭنى قىلغۇچىدۇرسەن! ئى

1 شۇئەرا سۈرىسى، 88-، 89- ئايەتلەر.
2 سەھىھ ئىبنى ھىببان، 924- ھەدىس.

ئاللاھ، بىزنى ئازغۇنلاردىن ياكى ئازدۇرغۇچىلاردىن ئەمەس، بەلكى ھىدايەت يولىغا باشلىغۇچى ۋە ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن؛ دوستلىرىڭ بىلەن ئىتتىپاق، دۈشمەنلىرىڭگە دۈشمەن قىلغىن! ئى ئاللاھ، بىز سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىمىز ئۈچۈن سەن ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنى ياخشى كۆرىمىز، ساڭا قارشى كىشىلەرنى دۈشمەن تۇتىمىز! ئى ئاللاھ، مەن دۇئا قىلدىم، ئىجابەت ساڭا قالدى! ئى ئاللاھ، بۇ مېنىڭ ئاجىزانە تىرىشچانلىقىمدۇر، بارچە ئىشلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم»[1].

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

«ئى ئاللاھ، مەن سەندىن مۇستەھكەم ئىماننى، تۈگىمەس نېمەتنى، پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن جەننەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىدە بىرگە بولۇشنى تىلەيمەن»[2].

ئى ئاللاھ، بىزگە ئىلىم - ھېكمەت ئاتا قىلغىن، ھېكمەت بېرىلگەن كىشى ھەقىقەتەن كۆپ ياخشىلىق بېرىلگەن بولىدۇ!

1 تىرمىزىي، 3419- ھەدىس.
2 سەھىھ ئىبنى ھىببان، 1970- ھەدىس.

«ئى ئاللاھ، سېنى ئەسلىشىمگە، ساڭا شۈكۈر ئېيتىشىمغا، ساڭا ئىبادەتلەرنى ياخشى قىلىشىمغا ياردەم بەرگىن»[1].

«ئى ئاللاھ، ماڭا رەھمەت قىلغىن، سەن ئەڭ ياخشى رەھمەت قىلغۇچىسەن؛ ماڭا رىزىق بەرگىن، سەن ئەڭ ياخشى رىزىق بەرگۈچىسەن؛ گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن، سەن ئەڭ ياخشى كەچۈرگۈچىسەن؛ ماڭا ياردەم بەرگىن، سەن ئەڭ ياخشى ياردەمچىسەن»[2].

Hakseven İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

«ئى ئاللاھ، رەھمىتىڭگە ئۈمىدۋارمەن، كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك بولسىمۇ، مېنى ئۆزۈمگە تاشلاپ قويمىغىن، پۈتۈن ئىشلىرىمنى ياخشى قىلىپ بەرگىن، سەندىن ئۆزگە ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر»[3].

«ئى ئاللاھ، بىزگە ھەر ئىشتا بەرىكەت ئاتا قىلغىن، نۇقسانلىرىمىزنى يوق قىلغىن، بىزنى ئەزىز قىلغىن، خار قىلمىغىن، بىزنى نېمەتدار قىلغىن،

1 سەھىھ ئىبنى خۇزەيمە، 751- ھەدىس.
2 مۇسنەد ئەھمەد، 20431- ھەدىس.
3 تىرمىزىي، 3419- ھەدىس.

مەھـرۇم قىلمىغىـن، بىزنـى كاپىرلاردىـن ئۈسـتۈن قىلغىـن، كاپىرلارنـى بىزگـە ھۆكۈمـران قىلمىغىـن، بىزنـى رازى قىلغىـن ھـەم بىزدىـن رازى بولغىـن»[1].

﴿پەرۋەردىگارىم! سىڭىنىڭ ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگـەن نېمىتىڭگـە شۈكۈر قىلىشـنى ۋە سـەن رازى بولىدىغـان ياخشـى ئىشـنى قىلىشـىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىـن، مـەن ئۈچـۈن ئەۋلادىمنـى ئىسـلاھ قىلغىـن، مـەن ھەقىقەتـەن ساڭا (جىمى گۇناھلاردىـن) تەۋبـە قىلدىم، مـەن ھەقىقەتـەن مۇسـۇلمانلاردىندۇرمەن﴾[2].

«ئـى ئالـلاھ، گۇناھلىرىمنـى ئەپـۇ قىلىشـىڭنى، دۇنيـا ۋە ئاخىرەتتـە خاتىرجـەم قىلىشـىڭنى تىلـەيمـەن»[3].

ئـى ئالـلاھ، مـەن سـەندىن ھىدايەتنـى، تەقۋادارلىقنـى، ئىپپـەت ـ نومۇسـنى ۋە بايلىقنـى تىلـەيمـەن.

«ئـى ئالـلاھ، مـەن سـەندىن مەنپەئەتلىـك

1 تىرمىزىي، 3173ـ ھەدىس.
2 نەمل سۈرىسى، 19ـ ئايەت.
3 ئەبۇ داۋۇد، 5074ـ ھەدىس.

ئىلىمنى، ھالال رىزىقنى ۋە قوبۇل قىلىنىدىغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىشىڭنى تىلەيمەن»[1].

ئى ئاللاھ، مال - دۇنيايىمنى، بالىچاقىلىرىمنى كۆپ قىلغىن، بەرگەن نېمەتلىرىڭدە بەرىكەت ئاتا قىلغىن، تائەت - ئىبادەت ئۈستىدە ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغىن، ئەمەللىرىمنى ياخشى قىلغىن، گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن!

«ئى ئاللاھ، ئەيىبلىرىمنى ياپقىن، قورقۇنچلىرىمنى ئەمىن قىلغىن؛ مېنى ئالدىمدىن، كەينىمدىن، ئوڭ تەرىپىمدىن، سول تەرىپىمدىن، ئۈستۈمدىن ۋە ھەر تەرەپتىن قوغدىغىن! ئى ئاللاھ، ئاستى تەرىپىمدىن ئازاب كېلىپ قېلىشىدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[2].

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾[3].

1 شۇئەبۇل ئىمان، 1645- ھەدىس.
2 سۇنەن ئىبنى ماجە، 3871- ھەدىس.
3 بەقەرە سۈرىسى، 201- ئايەت.

ئـى ئالـلاھ، قەلبىمىزنـى مۇھەببىتىڭگە، تىلىمىزنى زىكرىڭگــە، بەدەنلىرىمىزنــى تائەتىڭگــە، ئەقلىمىزنــى مەخلۇقاتلىرىـڭ ھەققىـدە تەپەككـۇر قىلىشـقا، دىنىـڭ ھەققىـدە ئىزدىنىشـكە مەشـغۇل قىلغىــن!

ئــى ئالــلاھ، كىيســەللىرىمىزگە شــىپالىق ئاتــا قىلغىــن، ئۆلـۈپ كـەتكـەنلەرگــە رەھــم ـ شــەپقەت قىلغىــن، مۇســىبەتدارلارنى خاتىرجــەم قىلغىــن، ئەســىرلىرىمىزنى قۇتقۇزغىــن، باغــرى ســۇنغان يېتىملەرنىــڭ ئەھۋالىنــى ياخشــىلاپ بەرگىــن!

ئــى ئالــلاھ، بىزگــە توقلـۇق بەرگىــن، ئــاچ قويمىغىــن؛ خاتىرجــەم قىلغىــن، ئەنســىز قىلمىغىــن؛ كۈچلـۈك قىلغىــن، ئاجىــز قىلمىغىــن؛ ئىلىـم بەرگىــن، نــادان قىلمىغىــن؛ ھىدايــەت بەرگىــن، ئازغۇنلاردىــن قىلمىغىــن!

«ئــى ئالــلاھ، بىزنــى مۇســۇلمان ھالەتتــە ياشــاتقىن، مۇســۇلمان ھالەتتــە ۋاپــات قىلدۇرغىــن، بىزنــى ســالىھلار بىلــەن بىرگــە قىلغىــن»[1].

1 يۇسۇف سۈرىسىنىڭ 101ـ ئايىتىگە ئىشارەت قىلىنغان.

ئى ئاللاھ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئالىيجاناب ساھابىلىرىگە رەھمەت قىلغىن، ئۇلارنى دۇنيا - ئاخىرەتتە ھەر تەرەپتىن سالامەت قىلغىن!

دۇئادا ئەسلەپ قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىپ قېرىندىشىڭلار:

مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت

2023-يىل 4-ئاي، ئىستانبۇل

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

﴿مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)؛ ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن(يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن)﴾ [بەقەرە سۈرىسى، 186 ـ ئايەت].

